## 296695 ـ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى ئىشلەتسە قانداق بولىدۇ؟

### سۇئال

ھازىرقى ۋاقىتتا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ يېڭى يوللىرىدىن: جىنسى ئەزانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئېلېكترونلۇق ئۈزۈك تاقاش، بۇ ئۈزۈك گۈگۈت تىلىدەك مىقداردىكى ئەۋرىشىم نەيچىدىن ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش مېخانىزىمىدىن ئىبارەتتۇر، ئۇ ھورمون ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ بىر قانچە ۋەزىپىسى بار: ئەڭ كۆرۈنەرلىك ۋەزىپىسى: ئىسپېرمانىڭ يېتىپ بېرىشى ۋە توخۇمنىڭ چاڭلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن بالىياتقۇ بوينى ئەتراپىدىكى شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ مەلۇم بولۇشچە، بۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ھامىلدارلىقنى چەكلەشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يولنىڭ بىرىدۇر، دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە كۆرە، بۇنىڭ سالامەتلىك تەرەپتىن بولغان زىيىنى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىكەن. سوئالىمغا جاۋاپ بېرىشىڭلارنى كۈتىمەن. رەھمەت. ئاللاھ ئەجىر ئەزىم بەرسۇن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بىرىنچى يول: ھامىلدارلىقتىن چەكلەش ئۈچۈن تۆۋەن تەرەپكە ئىسپېرمانىڭ يېتىپ بېرىشى ۋە توخۇمنىڭ چاڭلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن بالىياتقۇ بوينى ئەتراپىدىكى شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئۈزۈك تاقاش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ.

"ھەييە ژۇرنىلى" دا مۇنداق يازىدۇ: بۇ ئۈزۈك خىزمەتنى باشلىسا ۋە توغرا شەكىلدە بېكىتىلسە، ھامىلدارلىقنى چەكلەشتە 99% پىرسەنت ئۈنۈملۈك بولىدىكەن، ھامىلدارلىقتىن چەكلەش ئۈزۈكىنى تاقىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمىتى قانىدىكى تەبىئىي بىروگېستىرون ھورمۇنىنىڭ ئورنىغا قويۇلغان بىروگېستوگىن ھورمۇنىنى قويۇپ بېرىدۇ، بۇ ئايلىق تۇخۇمدان ئىشلەپ چىقىرىشنى ئازلىتىدۇ، خۇددى ئىسپېرمانىڭ يېتىپ بېرىشى ۋە توخۇمنىڭ چاڭلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن بالىياتقۇ بوينى ئەتراپىدىكى شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرغانغا ئوخشاشتۇر.

ئىككىنچى يول: بۇ ھورمۇننىڭ خىزمىتى بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۇرۇقلانغان تۇخۇملارنى كۆچەيتەلمەيدىغان قىلىدۇ". بۇ ۋاستىنى ئىشلىتىشنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكىس تەسىرى بار: ئايلىق ئادەت تۇراقلىق بولماسلىق، بەزى ئاياللار دۇچ كېلىدىغان ئۇزۇن مۇددەت قان تېمىپ تۇرۇشنىڭ داۋاملىشىشى قاتارلىقلار.

مەلۇم ۋاقىت ھامىلدارلىقنى توختىتىشقا ئېھتىياجلىق بولغان ئايال، ئۆزىنىڭ ئومۇمى ساغلاملىقى تەرەپتىن ئەھۋالىنى بىلەلەيدىغان تەجرىبىلىك، بىلىملىك ئايال دوختۇرغا مەسلىھەت سېلىشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆزۈكنىڭ سەلبىي تەسىرىگە قاراش كېرەك: ئەگەر ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي تەسىردىن ئىجابىي تەسىرى كۆپ بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇنى ئىشلەتسە بولىدۇ. .

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.